# خۇش ھىد تارقاتقانلار خۇش پۇرايدۇ، سېسىق ھىد تارقاتقانلار سېسىق پۇرايدۇ

## ــــ «جۇڭگو تېخنىكىسى زىيانلىق سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□ جۇڭ شېڭ

يېقىندا، ئامېرىكىدىكى بىر نام ئابرۇيلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئەنگلىيەنىڭ جۇڭگونىڭ تېلېگراف ئۈسكۈنىسى ياساش كارخانىسى بولغان خۇاۋېي شىركىتىگە قىسمەن 5G تورىنى ئېچىۋېتىش ئويىغا «ئاگاھلاندۇرۇش» بېرىپ، بۇ قىلمىش جۇڭگونىڭ «كەلگۈسىدىكى ئالاقە تورىنى كونترول قىلىشى» ھەم «بىت ۋە بايتتىن پايدىلىنىپ غەرب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى پارچىلىشى» ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن، دەپ تۆھمەت قىلدى. يېقىندا، ئامېرىكا يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ خۇاۋېي شىركىتىنى «ئىشەنچسىز ئەمەلىي گەۋدە» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، كۈچىنىڭ بارىچە بېسىم قىلدى.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، بەزى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى جاپاغا قارىماي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قاتراپ، تەرەپ ـ تەرەپتە «جۇڭگو تېخنىكىسى زىيانلىق سەپسەتىسى»نى بازارغا سېلىپ، جۇڭگولۇق پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بارلىق كەشپىيات، ئىجادىيەتلىرىگە بىر خىل جاھىل، تەلۋىلەرچە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، بىزگە توختىماي خىلمۇخىل قارا چاپلىدى. بىراق، ئىنسانلار ئارىسىدا ئەزەلدىن ھەققانىيەت مەۋجۇت، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، بەزىلەرنىڭ قانداق قارا چاپلىشىدىن قەتئىينەزەر، خۇش ھىد تارقاتقانلار خۇش پۇرايدۇ، سېسىق ھىد تارقاتقانلار سېسىق پۇرايدۇ.

«جۇڭگو تېخنىكىسى زىيانلىق سەپسەتىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىش ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا بولغان چۈشىنىپ بولالمايدىغان ھەسەتخورلۇقى، شۇنداقلا بىر خىل سىياسىي بېسىم ئىشلىتىشنىڭ باھانىسى بولۇپ، تېخنىكا تەھدىت تۈسى ۋە سىياسىي تەھدىت تۈسىنى تەڭ ھازىرلىغان، بىراق سىياسىي مۇددىئا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ئاستىلىتىش ئۇلارنىڭ ھەقىقىي غەرىزىدۇر.

گېرمانىيە پاتېنت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شىركىتى IPlyticsنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 3 ـ ئايغىچە، 5G خەۋەرلىشىشى ئېھتىياجلىق بولغان ئۆلچەملىك زۆرۈر پاتېنت ئىلتىماس مىقدارىدا، جۇڭگو 34.02% نىسبەتنى ئىگىلىگەن، ھالبۇكى ئامېرىكىنىڭ ئۈلۈشى ئاران 14% بولغان. بۇ دەل بەزى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى. ئامېرىكا ئەمەلدارى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا «5G ئامېرىكا چوقۇم يەڭمىسە بولمايدىغان نۆل يىغىندىلىق ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى» «5G تورىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۆزىنىڭ «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇرى»نى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىگە كېڭەيتىپ، كىچىك چەمبىرەكنى قامال قىلىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى بوغۇش غەرىزىنى ئاشكارىلىدى. بۇ دەۋر ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىق! يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە تايىنىپ ھەممە يەردە كۆز بوياماچىلىق قىلغانلىق، ئالدامچىلىق قىلغانلىق، سىياسىيغا تايىنىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا بېسىم قىلغانلىق، توسقۇنلۇق قىلغانلىق، بۇ پەقەت كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەزىل پىسخىكىسى ۋە يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى خالاس.

2018 ـ يىلى، جۇڭگونىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 4 مىليون 180 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇردى؛ خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە نەقىل ئېلىنىش قېتىم سانى دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى؛ كەشپىيات پاتېنتى ئىلتىماس قىلىش مىقدارى ۋە ھوقۇق بېرىش مىقدارى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 58.5%كە ئۆسۈپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى دۇنيا بويىچە 17 ـ ئورۇندا تۇردى... بۇ رەقەملەردە جۇڭگونىڭ دۇنيا زاۋۇتىدىن دۇنيا دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىش سۇپىسىغا قاراپ قەدەم باسقانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ پاكىتلارغا جۇڭگو خەلقىنىڭ باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ئېنېرگىيەسى يۈكلەنگەن. نېمە ئۈچۈن جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى «تەھدىت» دېيىلىدۇ؟ ئەگەر بۇ «تەھدىت» دېيىلسە، شۇنچە كۆپ ئۆتكۈر تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ئامېرىكا دۇنيادىكى بىرىنچى نومۇرلۇق تەھدىت بولۇپ قالىدىمۇ قانداق؟! ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا پەن ـ تېخنىكا ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا ئەزەلدىن بېخىللىق قىلغان ئەمەس. بەزىلەر ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيانى كۆزىتىۋاتىدۇ، تىزگىنلەۋاتىدۇ، دېدى. سنوۋدېن ئاشكارىلىغان ئەينەن ئەھۋال كۆز ئالدىمىزدىلا! ئامېرىكىلىقلارنىڭ لوگىكىسى ـــ بىز پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ يامان ئىش قىلىدۇق، باشقىلارمۇ مۇقەررەر شۇنداق قىلىدۇ! بۇ ھەقىقەتەنمۇ پەسنىڭ نىيىتى ئارقىلىق ئالىيجانابنىڭ كۆڭلىنى ئۆلچىگەنلىك!

جۇڭگو ئۆزىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئارقىلىق دۇنياغا بەخت يارىتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت زاتلىرىنىڭ سەممىي ماختىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى بايلىق كەمچىل رايون ئۈچۈن يېتىشتۈرگەن «يېشىل دەرىجىدىن تاشقىرى شال» 18 دۆلەتتە سىناق تېرىلىپ كېڭەيتىلدى، جۇڭگولۇق ئالىملار بايقىغان كۆك ئەمەن ماددىسى پۈتۈن يەر شارىدىكى مىليونلىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى... پايانسىز ئالەم ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئالدىدا، جۇڭگو خەلقئارا ئالەم قاتنىشى ھەمكارلىقىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، «چاڭئې 4 ـ نومۇر» ۋەزىپىسىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئاي شارى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

جۇڭگو «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەت پىلانىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىللە پەن ـ تېخنىكا ئادەمىيەت ئالاقىسى، بىرلەشمە تەجرىبىخانىنى ئورتاق قۇرۇش، پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى ھەمكارلىقى، تېخنىكا يۆتكەشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تەدبىرنى ئالغا سىلجىتىشقا ۋەدە بەردى. جۇڭگونىڭ دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا قوشقىنى ئىشەنچ ۋە پۇرسەت. جۇڭگو تېخنىكىسىنىڭ دۇنياغا سىڭىپ بەرگىنى تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش كۆۋرۈكى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىدا، جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خۇش ھىدىنى پۇرىدى، شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى خالىغانچە قارىلاش، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشتەك بوش ـ تۇتەكلەر قاپلىغان غەيرىي سېسىق ھىدىنىمۇ پۇرىدى!

يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش خەرىتىسىنى قايتا سىزماقتا، پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم يەر شارىۋى نەزەر بولۇشى كېرەك. قەستەن «پەن ـ تېخنىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» قوزغاپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بىپايان زېمىنىدا «تۆمۈر پەردە» تارتىشقا ئۇرۇنۇش پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ. «مۇستەھكەم توسۇق ئورنىتىش»تىكى ھەرقانداق غەرەز ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئىلگىرىكى تېخنىكىنى تىزگىنلەش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى قايسى تېخنىكىنى تىزگىنلەشنى قارار قىلىش بولسۇن ياكى بۇ تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىش بولسۇن، ھەممىسى ئىنتايىن مۈشكۈل.» ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن دۆلەت كاتىپى جامۇس ستىرابېرگنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى «جۇڭگو تېخنىكىسى زىيانلىق سەپسەتىسى»نى تەرغىب قىلغۇچىلارنى قايتا ئويلاندۇرۇشى كېرەك. پەقەت ئوچۇق يېڭىلىق يارىتقاندىلا ئاندىن گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. يەر شارىۋى پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى پاتقاققا سۆرەپ كىرىدىغان ھەرقانداق غەرەز چوقۇم پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيىدىغان، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مۇقەررەر قارشىلىقىنى قوزغايدۇ.

«چۆكۈپ كەتسە بىر كېمە، كېتىۋېرەر باشقىسى، قۇرۇپ قالسا بىر دەرەخ، كۆكلەۋېرەر باشقىسى.» ھەرقانداق ئادەم جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات يولىدا پۇتلىكاشاڭ، توسالغۇ بولۇشقا ئۇرۇنسا، ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، شۇنداقلا جەزمەن قۇرۇق ئاۋارە بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# مەدەنىيەت ـ ساياھەت يۇغۇرما تۈرلىرى شىنجاڭنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتى مەبلەغ سالغۇچىلار ئىنتىلىدىغان قىزىق نۇقتا. 600 مىليون يۈەنلىك كېلىشىم ئىمزالىغان شىنجاڭ ئۆي ئاپتوموبىل لاگېرى مەدەنىيەت ساياھەت تۈرىگە ئۈرۈمچى گاۋشىن مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن بېيجىڭ شىنبەن كاپىتال مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى ئورتاق مەبلەغ سالغان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئۆي ئاپتوموبىل، ئائىلە ئاپتوموبىل لاگېرىدىن 64نى، ئايرودۇرۇمدا ئايروپىلان ئالمىشىش لاگېرىدىن 20نى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇشنى ھەم ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال تۆت ئايلانما لىنىيەدە تىجارەت تىرانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى پىلانلىدى.

ئۈرۈمچى گاۋشىن مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى پېڭ لياڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئۆي ئاپتوموبىل لاگېرى قۇرۇشتا تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە، بازار يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. بىز بۇ تۈر ئارقىلىق ئۆي ئاپتوموبىل دالا لاگېرى كەسپىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

مەدەنىيەت بىلەن ساياھەت چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان تۈرلەردىن يەنە «تەسرات . ئۈرۈمچى» بار، ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 1 مىليارد 50 مىليون يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ياسى مەدەنىيەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئېرگېڭ مەدەنىيەت تاراتقۇ(شېنجېن) چەكلىك شىركىتى بىلەن 5 مىليون يۈەنلىك كېلىشىم ئىمزالاپ، «تيانشان» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمنى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالماقچى. شىنجاڭ خۇاتېي ئۇچۇر تورى پاي چەكلىك شىركىتى چاڭدې چۇاڭيۈەن رەقەملىك تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بىلەن 10 مىليون يۈەنلىك كېلىشىم ئىمزالاپ، «خىيالىي غەربكە سەپەر» ناملىق كارتون فىلىمنى ئىشلىمەكچى.

ئىگىلىنىشچە، بۇ نۆۋەتلىك شېنجېن مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمە ـ سودا يىغىنىدا، شىنجاڭ سارىيى جەمئىي 210 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كېلىشىم ئىمزالىغان، ئۈرۈمچى سارىيى 2 مىليارد 910 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كېلىشىم ئىمزالىغان.

# ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ۋاقىتلىق چارە»دە مۇنداق ئېنىق بەلگىلەندى: كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمىدە 45 ياشتىن تۆۋەن، كارخانا بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق ئەمگەك توختامى ئىمزالىغان تېخنىكا ـ ماھارەت ئىش ئورنىغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان خادىملار ۋە ئىش ئورنى ئالماشقان خادىملار يېتىشتۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ، يېتىشتۈرۈش نىشانى كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلارنى ئاساس قىلىدۇ، يېتىشتۈرۈش مۇددىتى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۈچ يىلغا ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمى كارخانىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلىدۇ. كارخانا تەربىيەلەش ئوبيېكتىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىدۇ، ئىش ئورنى تەلىپىگە ئاساسەن تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ، تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ، كارخانا مۇنەۋۋەر يۇقىرى تېخنىكا ـ ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى تاللاپ، ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەشنى قانات يايدۇرىدۇ، تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى قاراتمىلىق ئوقۇتۇشنى قانات يايدۇرۇپ، تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ھەمكارلىشىپ تاماملايدۇ.

ئاپتونوم رايون يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرغان كارخانىلارغا تەربىيەلەش تولۇقلىمىسى بېرىدۇ، تولۇقلىما ئۆلچىمى ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ھەربىر ئوقۇش يىلىدا 4000 يۈەن بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمى بويىچە تەربىيەلىشى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىنغاندىن كېيىن، مالىيە تارماقلىرى تولۇقلىما سوممىسىنىڭ 50%ى بويىچە كارخانىلارغا تولۇقلىما مەبلەغنى ئالدىن چىقىم قىلىدۇ؛ تەربىيەلەش ۋەزىپىسنى تاماملىغاندىن كېيىن، كارخانىلار قالغان تەربىيەلەش تولۇقلىما مەبلىغىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. تولۇقلىما ئۆلچىمى ئىقتىسادىي تەرەققىيات، تەربىيەلەش تەننەرخى، مال باھا كۆرسەتكۈچى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن تەدرىجىي ئۆستۈرۈلىدۇ.

يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمى بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلغان مەزگىلدە، كارخانىلار ھەمكارلىق كېلىشىمىدىكى پۈتۈم بويىچە تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىغا شاگىرت تەربىيەلەش خىراجىتىنى تۆلەيدۇ؛ ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كارخانىلاردىكى ئۇستازلار ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ شاگىرتلارنىڭ ئىش ھەققى ئەمگەك توختامىدىكى پۈتۈم بويىچە بېرىلىدۇ. شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ.

# ئارزۇغا ئىنتىلىش يولىدا ياشلىق باھارىنى چاقنىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن داشۆگىچە رازىيەم ئۆز ھەرىكىتى بىلەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ، تىرىشقاندىلا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«مەن ئۆز تاللىشىمنىڭ قانچىلىغان كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىراق ئۆيدىكىلەرنىڭ جىسمىدىن بۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردۈم.» رازىيەم مۇنداق دېدى: «ئاكام، ئاچامنىڭ بالىلىرى مېنى ئۈلگە قىلىپ، رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى».

زىيارەت ئاخىرلاشقاندا، تەنەپپۇس ۋاقتى بولغانىدى، ئىللىق قۇياش نۇرى تەنتەربىيە مەيدانىغا چۈشۈپ تۇراتتى، بوينىغا قىزىل گالستۇك تاقىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇخبىرلارنى كۆرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بەردى. رازىيەم مۇنداق دېدى: ھازىر كەنت ئاھالىلىرى مائارىپقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى مېنى ئۈلگە قىلىپ بالىلىرىغا ياخشى ئوقۇش توغرىسىدا تەربىيە قىلىدىغان بولدى.

### ■ ئادىلە ئەسقەر: «مەن بالدۇرراق پارتىيەگە كىرىشكە تىرىشىمەن»

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 21 ياشلىق ئادىلە ئەسقەر كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىنى چاققانلىق بىلەن بېسىۋاتاتتى. كەنت كومىتېتىغا كېلىپ خىزمەت قىلغىنىغا يېرىم يىلمۇ بولماي، ئۇ كومپيۇتېردا ماتېرىيال يېزىش ۋە جەدۋەل تۈزۈشكە پىششىق بولۇپ كەتتى.

قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئادىلە ھازىر كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر غەربچە تاماقخانىدا ئىشلىدى، مائاشى خېلى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنى ئۆزى ئىنتىلگەن ئارزۇ ئەمەستەك ھېس قىلدى.

ئادىلەنىڭ دادىسى ئىلگىرى كەنتتە 20 نەچچە يىل ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى بولغانىدى، ئادىلە كىچىكىدىن تارتىپ كەنت ئاھالىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان ياخشى كادىرلارنى ھۆرمەتلەيتتى، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ شۇنداق ئادەم بولۇشنى ئويلايتتى.

«ھازىر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، مەن پارتىيەگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ھازىر مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، شەرەپلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشنى ئويلايمەن.» بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئۇ كەنت كومىتېتىغا كېلىپ، شىنجاڭ جۇڭلياڭ تۆنخې شېكەرچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدىن قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىگە كېلىپ 1 ـ شۇجى بولغان دۇڭ چېڭخۇنى ئىزدەپ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئېيتتى. دۇڭ چېڭخۇ ئادىلە بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلىشىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ كەنت كومىتېتىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ يىل يىل بېشىدا، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشى قاتارلىق تەرتىپلەردىن كېيىن ئادىلە بىر كەنت كادىرى بولۇپ قالدى.

بىر قېتىم ئادىلە ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىگە يۇيۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بىر ئېغىز «رەھمەت» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئادىلە ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ھازىر كەنتتىكى ياشلارنىڭ پارتىيەگە، ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىش ئاكتىپلىقى ئىنتايىن يۇقىرى، كەنتتە ھازىر 32 پارتىيە ئەزاسى، يەتتە كاندىدات پارتىيە ئەزاسى، 36 ئىتتىپاق ئەزاسى بار، ئادىلەمۇ پارتىيە تەشكىلاتىغا پائال يېقىنلىشىۋاتىدۇ. «مەن چوقۇم ھەسسىلەپ تىرىشىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە بالدۇرراق كىرىشكە تىرىشىمەن» دېدى ئادىلە.

### ■ خانزورەم ئەخمەت: «يۇرتىمىز بىزگە تېخىمۇ موھتاج»

خانزورەم ئەخمەتنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇ قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىدە كۇرسانتلارغا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئۆگىتىۋاتقان ئىكەن، خانزورەم ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ كادىرى، بۇ قېتىم ئاساسلىق يېزىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئۆگىتىۋېتىپتۇ. خانزورەم مۇنداق دېدى: بۇ كۇرسانتلار تەربىيەلەنگەندىن كېيىن بىۋاسىتە كىيىم تىكىش زاۋۇتىغا كىرىپ ئىشچى بولىدۇ.

خانزورەم بۇلتۇر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتكۈزدى، ئەسلىدە ئۇ ئۈرۈمچىدە ياخشى خىزمەت تاپقانىدى، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى بىر قېتىملىق پارتىيە دەرسى ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى تاللىشىنى ئۆزگەرتتى. دەرستە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىگە قىلىپ بەرگەن ئەمەلىي ئىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ پارتىيە دەرسى خانزورەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. ئۇ: «يۇرتىمىز بىزگە تېخىمۇ موھتاج، مەن يۇرتۇمغا قايتىپ خىزمەت قىلىمەن» دېدى. ئۇ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ 2018 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئىشقا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ كادىرى بولۇپ قالدى.

ئاساسىي قاتلام خىزمىتىدە ۋەزىپە ئېغىر، خانزورەم قىلچىمۇ بوشاڭلىق قىلمىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «قەلبىمگە يۇرتداشلارنىڭ ئۈمىدىنى پۈكتۈم، مەن چوقۇم تىرىشىپ ئىشلەپ، يۇرتۇمنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن».

# يۇرتىغا جاۋاب قايتۇرۇش كىشىلىك ھاياتنى جۇلالاندۇرۇش

□ لى لىن

مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى

«نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىمگە دائىم ياشلار تولىدۇ؟ چۈنكى مەن بۇ زېمىننى چوڭقۇر سۆيىمەن...» شائىر ئەي چىڭنىڭ بۇ مىسرالىرى دەل قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىدىكى بۇ ياشلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشتىكى ئەسلىي مەقسىتىنىڭ ئەڭ ياخشى يەشمىسىدۇر.

ئۇلار بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. بۇ يەر ئۇلار تۇغۇلغان ۋە ئۇلارنى بېقىپ ئۆستۈرگەن جاي، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارزۇسى باشلانغان جاي. ئۇلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئەسلىي مەقسىتى ھەم ئۇلارنىڭ چىن ھېسسىياتىدىن كەلگەن، ھەم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىقى ۋە يېتەكلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى كەنت كادىرلىرى ۋە كەنت دەرىجىلىك زاپاس ياش كادىرلارغا قارىتا يولغا قويغان ساپانى ئۆستۈرۈش ۋە تاللاپ يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ياشلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارغا كىشىلىك ھاياتنى جۇلالاندۇرۇش سەھنىسى ھازىرلاپ بەردى.

شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ياشلار چوقۇم بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ھەيۋەتلىك ياشلىق ناخشىسىنى يېزىپ چىقالايدۇ.